## 33694 ـ نامازنىڭ ئىسلامدىكى ئورنى

### سۇئال

بىزگە نامازنىڭ ئىسلامدىكى ئورنىنى چۈشەندۈرۈپ قويساڭلار .

### تەپسىلى جاۋاپ

مەدھىيە ئاللاھقا بولسۇن .

نامازنىڭ ئىسلامدا باشقا ھەرقانداق ئىبادەت ئۇنىڭغا يېتەلمەيدىغان كاتتا ئورۇنغا ئىگە . . . بۇنى تۆۋەندىكىلەر كۆرسىتىدۇ :

بىرىنچى : ئۇ بولسا دىن پەقەت ئۇنىڭ بىلەنلا ئۆرە تۇرىدىغان دىنىنىڭ تۈۋرىكى ...

مۇئاز بىن جەبەل نەقىل قىلغان ھەدىيستە ، ئاللاھ ئەلچىسى( ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن ) مۇنداق دىگەن : مەن سىلەرگە پۈتكۈل ئىشنىڭ بېشى ، ئۇنىڭ تۈۋرىكى ۋە چوققىسىنى ئېيتىپ بەرمەيمۇ ؟ مەن( مۇئاز) : " ھەئە ، ئى ئاللاھ ئەلچىسى ." دىدىم . ئۇ : ئىشنىڭ بېشى ئىسلام ، ئۇنىڭ تۈۋرىكى ناماز ھەمدە ئۇنىڭ چوققىسى بولسا جىھاد . دىدى . [ تىرمىزىي نەقىل قىلغان ، 2616 . ئەلبانىي سەھىيھ تىرمىزىيدا سەھىيھ دەپ تۈرگە ئايرىدى ، 2210 ]

ئىككىنچى : ئۇ ئىككى گۇۋاھلىق سۆزىگە نىسبەتەن كىشىنىڭ ئېتىقادىنىڭ ساغلاملىقىنى تىخمۇ ئىسپاتلاش ھەمدە ئۇنىڭ قەلبىدە قارارلانغان ئېتىقادىنىڭ كۆرگىلى بولىدىغان دەلىلى سۈپىتىدە ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ .

ئاللاھ ئەلچىسى ( ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن مۇنداق دىگەن : ئىسلام بەش نىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان : ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق ، ۋە مۇھەممەد ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بىرىش ، ناماز نى تۇرغۇزۇش ، زاكات بىرىش ، ئۆيىنى زىيارەت قىلىش ( ھەج قىلىش) ، ۋە رامىزاندا روزا تۇتۇش . [ بۇخارىي(8) ، مۇسلىم ( 16 ) نەقىل قىلغان .]

نامازنى تۇرغۇزۇش : ئۇنىڭ سۆزلىرى ۋە ھەركەتلىرىنى مۇكەممەل قىلىپ ، ئۇنىڭ بەلگىلەنگەن ۋاقىتلىرىدا ئادا قىلىش . خۇددى قۇرئاندا كەلگەندەك ، ئاللاھ مۇنداق دىگەن : ھەقىقەتەن ناماز مۇئمىنلەرگە ۋاقتى بەلگىلەنگەن ھالدا پەرز قىلىندى .

ئۈچۈنچى : نامازنىڭ قالدى ئىبادەتلەرگە قارىغاندا ، ئۇنىڭ پەرز قىلىنىش ئورنى جەھەتتە ئالاھىدە ئورۇنغا ئىگە . . .

يەنى ئۇنى پەرىشتە زىمىنغا ئىلىپ چۈشمىدى ، لىكىن ئاللاھ ئەلچىسى مۇھەممەدنى ( ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) ئاسمانغا ئىلىپ چىقىش بىلەن نىئمەتلەندۈردى ھەمدە پەرۋەردىگارى ئۇنىڭغا نامازنىڭ پەرزلىكىنى بىۋاستە ئېيتتى .

ھەمدە بۇ ئىش بارلىق ئىسلام شەرىئەتلىرى ئارىسىدا نامازنىڭ ئۆزگىچىلىكى .

ناماز ھىجرەتتىن ئۈچ يىل بۇرۇن مىئىراج كېچىسى پەرز قىلىنغان .

ناماز 50 ناماز بولۇپ پەرز قىلىنىپ ئاندىن سانى بەشكە يەڭگىللىتىلگەن ، ھەمدە 50 نامازنىڭ ساۋابى بەش نامازدا ساقلىنىپ

قالغان . مانا بۇ ئاللاھنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ياخشى كۆرۈشى ۋەئۇنىڭ ئورنىنىڭ كاتتىلىقىغا دەلىل .

تۆتىنچى : ناماز ، ئاللاھ ئۇنىڭ بىلەن خاتالىقلارنى ئۆچۈرىدۇ . .

بۇخارىي( 528) ، مۇسلىم( 667) ئەبۇ ھۇرەيرىدىن نەقىل قىلىدىكى ، ئاللاھ ئەلچىسى ( ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن ) مۇنداق دىگەن – بەكرىنىڭ ھەدىيسىدە ، ئۇ ئاللاھ ئەلچىسىنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى ئاڭلىغان : ئويلاپ باقتىڭلارمۇ ؟ سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ ئىشىكىدە بىر دەريا بولسا ھەمدە ئۇ ئۇنىڭدا ھەر كۈنى بەش قىتىم يۇيۇنسا ، ئۇنىڭدا بىرەر كىرنىڭ ئىزى قالامدۇ ؟ ئۇلار : " ئۇنىڭدا ھىچقانداق كىر ئىزى قالمايدۇ ." دىدى . ئۇ : ئەنە ئۇ كۈندىلىك بەش نامازغا ئوخشايدۇ ، ئۇ ئارقىلىق ئاللاھ گۇناھلارنى ئۆچۈرىدۇ .

بەشىنچى : ناماز بولسا دىننىڭ يوقۇلىدىغان ئەڭ ئاخىرقى قىسمى ، ھە مدە ناۋادا ئۇ يوقالسا دىننىڭ ھەممىسى يوقىلىدۇ .

نەقىل قىلىنىدىكى ،جابىر بىن ئابدۇللاھ مۇنداق دىگەن :" ئاللاھ ئەلچىسى ( ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) مۇنداق دىگەن : كىشى بىلەن شىرىك ۋە كاپىرلىقنىڭ ئارىسى بولسا ئۇنىڭ نامازنى تاشلىشى . [ مۇسلىم نەقىل قىلغان ، 82 ] شۇڭلاشقا مۇسۇلمان نامازنى ۋاقتىدا ئادا قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇشى ، ئۇنىڭغا ھورۇنلۇق قىلماسلىقى ۋە سەل قارىماسلىقى لازىم . ئاللاھ مۇنداق دىگەن :

ناماز ئوقۇغۇچىلارغا ۋاي ! . ئۇلار نامازلىرىغا سەۋەنلىك قىلىدۇ ( ۋاقتىدىن كېچىكتۈرۈپ ئوقۇيدۇ ) » [ مائۇن( قولقا) : 4–5 ]

ھەمدە ئاللاھ نامازلىرىنى يوقىتىۋەتكۈچىلەرنى مۇنداق دەپ ئاگاھلاندۇرىدۇ :

ئۇلار كەتكەندىن كېيىن (ئۇلارنىڭ) ئورنىنى باسقان ئورۇنباسارلار نامازنى تەرك ئەتتى، نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشتى، ئۇلار (قىيامەتتە) گۇمراھلىقنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ.

[ مەريەم: 59 ]

ئالتىنچى : ناماز بەندە قىيامەت كۈنى سوراققا تارتىلىدىغان بىرىنچى نەرسە :

نەقىل قىلىنىدىكى ئەبۇ ھۇرەيرە مۇنداق دىگەن : " مەن ئاللاھ ئەلچىسىنىڭ ( ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) مۇنداق دىگەنلىكىنى ئاڭلىدىم : « بەندە قىيامەت كۈنى سوراققا تارتىلىدىغان بىرىنچى ئىش ئۇنىڭ نامىزى بولىدۇ . ئەگەر ئۇ ياخشى بولسا ئۇنداقتا ئۇ راۋاج تاپىدۇ ۋە ئۇتۇق قازىنىدۇ ، بىراق ئۇ ناچار بولسا ، ئۇنداقتا ئۇ ۋەيران بولىدۇ ۋە زىيان تارتىدۇ . ئەگەر ئۇ پەرىز نامىزىنى كەم قىلغان بولسا ، ئۇلۇغ پەرۋەردىگار : قاراڭلار ، بەندەمنىڭ نەپلى نامىزى بارمۇ–يوق ؟ پەرىزدىن كەم بولۇپ قالغانلىرى ئۇنىڭ بىلەن تولۇقلىنىدۇ . دەيدۇ .ئاندىن باشقا ئىش–ئەمەللىرىمۇ مۇشۇ تەرىقىدە بولىدۇ .» [ نەسائىي(465) ، تىرمىزىي ( 413)نەقىل قىلغان . ئەلبانىي سەھىيە جامىئىدا سەھىيە دەپ تۆرگە ئايرىغان ، 2573 ]

ئاللاھتىن بىزنىڭ ئۇنى ئەسلەپ تۇرۇشىمىزغا ، ئۇنىڭغا تەشەككۈر ئېيتىشىمىزغا ۋە ئۇنىڭغا ياخشى ئىبادەت قىلىشىمىزغا ياردەم قىلىشىنى سورايمىز .

مەنبەلەر : كتاب الصلاة للدكتور الطيار ص 16 ، وتوضيح الأحكام للبسام 1/371 ، وتاريخ مشروعية الصلاة للبلوشي ص 31 .